## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

# 2020 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى تەھلىل قىلىندى، تەتقىق قىلىندى

# پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى مۇۋاپىق ئارىلىقتا ساقلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تولۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي يۈزلىنىشى ئۆزگەرمەيدۇ. بىز ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىيالېكتىكلىق تەپەككۇر بىلەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، تاشقى بېسىمنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، زېھنىي كۈچىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، جەمئىيەت سىياستى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان سىياسەت رامكىسىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، قاراتمىلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈپ، تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش قورالىدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. كېلەر يىلى ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، سىستېمىلىق پۇل مۇئامىلە خەۋپ ـ خەتىرى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، ياسىمىچىلىق، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ رايون ئىقتىساد ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تۈزۈش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا ئائىت تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش شەكلى، ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىدىغان رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلۈشى ۋە ياخشىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يىل ئاخىرىدىكى ۋە يىل بېشىدىكى ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتى ۋە يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى، رېۋىزىيە كومىتېتلىرى پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئاساسىي قانۇن يۈكلىگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ «ئىككىنى قوغداش»نى ئاڭلىق ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنى ۋە تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنى قەتئىي، ئىشەنچلىك، پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. نازارەتچىلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى مەركەزلىك تۈزەپ، سىياسىي كۆزىتىش ۋە كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇپ، «تۆت خىل ھالەت»تىن پايدىلىنىپ، ئىنتىزام، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، دەل جايىدا كۈچلۈك جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كېڭەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە پولات قوشۇنى قۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدا يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتكومنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىغا ماسلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى چەكلەش ۋە نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، چىرىكلەشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سالاپەتلىك كەسپىلەشكەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇپ، بېرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بۇ يىغىندىن بۇرۇن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2019 ـ يىللىق خىزمەت ئەھۋالى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنغا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

يىغىن كېلەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشقا قوشۇلدى.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىگە توغرىلىنىپ، مۇھىم نۇقتا، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى كۈچەپ تۇتۇپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى، ھەمكارلىشىشى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ماسلىشىشى، ئۆزئارا قوللىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلى ۋە شەكلىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادچان ـ تېجەشلىك بولۇش، چېكىدىن ئاشقان ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى سىجىل يېنىكلىتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇپ، بايلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. لى كېچياڭ بۇ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئويلىنىشىنى تونۇشتۇردى.

سۆھبەت يىغىنىدا، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن ئېشياڭ، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى دىڭ جۇڭلى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى خاۋ مىڭجىن، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەي دافېڭ، جۇڭگو دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى خې ۋېي، جۇڭگو ئادالەتچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەن گاڭ، «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋۇ ۋېيخۇا، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى سۇ خۈي، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى گاۋ يۈنلۇڭ، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلى گاۋ خۇڭجۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى تەھلىلى ۋە كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى ئويلىنىشىنى قۇۋۋەتلىدى ھەم ئىقتىساد تۈزۈمى ۋە سىياسەت، تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش، گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە نەتىجىنى ئايلاندۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىچكى ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىپ خەلق تۇرمۇشى تەمىناتىنى ياخشىلاش، دەل جايىدا كۈچەپ بازار سۇبيېكتىغا «مەدەت بېرىپ يۈكىنى يېنىكلىتىش»، پۇل مۇئامىلىنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش، ساغلاملىق مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش، پۇل مۇئامىلىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، ئىككى قىرغاقنىڭ ئەلئارا ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۈگۈن، بىزنىڭ بۇ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىشىمىزدىكى ئاساسىي مەقسىتىمىز كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىلىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاش. ئىككى كۈندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىمۇ بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىلگىرى كۆپچىلىكنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ باقماقچىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك كۈچەيگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە قارىتا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر، ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە مەركەزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام راۋاجلىنىشىنى ساقلىدى، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچ سۈرئىتى مۆلچەردىكىگە ئۇيغۇن بولدى، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ بىز يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى ۋە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش ئارقىلىق مىكرو سۇبيېكتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوندىن ئارتۇق ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)نىڭ ئاساسىي قاتلام بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بېرىيۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشى، تەدبىرلەرنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشىنى مۇھىم پايدىلانما بىلەن تەمىنلىدى. يولداشلار كەسپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزى ئەترەت باشلاپ ئېغىر نامرات رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەبلەغنى ئىشلىتىش، نامراتلارنى يۆلەش نەتىجە ـ ئۈنۈمى، ئاما ئېتىراپ قىلىش، خىزمەت ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردە دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى قانات يايدۇردى. مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى كەڭ پۇقراۋى كارخانىچىلارنى جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى پائال ئادا قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتى ۋە ئاممىۋى پاراۋانلىق، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە قوللىدى. شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن كۆپچىلىككە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېقىندا ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، بۇ، بىرلىك سەپنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئەلرايىنى مۇجەسسەملەشى، ئەقىل ـ پاراسەتنى مۇجەسسەملىشى، كۈچنى مۇجەسسەملىشىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش غەيرىتى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھاتقا پائال ئاتلىنىپ، ئىسلاھاتنى قوللاپ، ئىسلاھاتقا قاتنىشىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كۆپچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچۈن، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈشنى، ئوبدان مەسلىھەت بېرىشنى، ياخشى تەدبىر كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. كۆپچىلىكنىڭ يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، جەمئىيەت ئورتاق تونۇشىنى ئەڭ زور چەكتە مۇجەسسەملەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش، زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن توسقۇنلۇقنى ئازايتىشنى، ياردەم كۈچىنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، خۇ چۈنخۇا، يوۋ چۈەن، ۋاڭ يۇڭ، شياۋ جېي، خې لىفېڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلاردىن يەنە چېن شياۋگۇاڭ، جېڭ جيەنباڭ، گۇ شېڭزۇ، شاۋ خۇڭ ۋە جياڭ زوجۈن، لى يۆفېڭ، جاڭ بوجۈن، جاڭ داۋخۇڭ، لى شىجيې، جۇ يۇڭشىن، ياڭ جېن، ساۋ خۇڭمىڭ، لەي مىڭ، خۇاڭ رۇڭ، شۇ خۇڭبىڭ قاتارلىقلار بار.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يالغان گەپ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى، ھەتتا ئىغۋا تۇقۇپ تۆھمەت قىلدى. ئەمما پاكىتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى زادى قانداق؟ ھەقىقىي ئەھۋال شۇكى، شىنجاڭدا ھازىر 28 مىڭدىن ئارتۇق دىنىي سورۇن بار، بۇ 24 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 530 مۇسۇلمانغا بىردىن مەسچىت توغرا كېلىدۇ؛ ھەقىقىي ئەھۋال شۇكى، ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى سىجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، راۋاجلىنىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقى ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ داغ تەگكۈزگەنلىكى، قارا چاپلىغانلىقىغا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى جاۋاب.

تېررورىزم، ئەسەبىزمدىن ئىبارەت خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەن بۇ جەمئىيەت زەھەرلىك ئۆسمىسىنى يوقىتىپ، ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە قىممىتىنى قوغداش، خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقنى تىنچ، ئىناق جەمئىيەت مۇھىتىدا بەختلىك ياشايدىغان قىلىش دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى ۋە تۈپ ۋەزىپىسى. جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى تولۇق ئورۇنلۇقلۇق بىلەن قانۇنلۇقلۇققا ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت. ئامېرىكا تەرەپنىڭ «شىنجاڭ كوزىرى»نى ئوينىشى پاكىتقا كۆز يۇمغانلىق، ئاق ـ قارىنى ئايرىمىغانلىق، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشنى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغانلىق. بۇ بىھۇدە ئاۋارە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چوتىنى خاتا سوققانلىق! شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق قوشۇلمايدۇ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى قوشۇلمايدۇ، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!

بىزنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياستىمىزنى داۋاملىق ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى داۋاملىق ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ياخشى گۈللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى سىجىل ساقلىشىمىز دەل ئاساسسىز ئىش چىقارغۇچىلارغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە. بىز ئامېرىكا تەرەپنى شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىنى كۆپتۈرۈشنى توختىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىپ، تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق، ئورتاق پايدا ئېلىشتەك دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا رەسمىي يوسۇندا نەسىھەت قىلىمىز. تارىخ يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىمكى ئېقىمغا قارشى ئىش كۆرىدىكەن، ئۆزى قىلغان ئەسكىلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى چوقۇم ئۆزى تارتىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**